# چىن قەلبتىن ياردەم بەردى، يۆلىدى    تۇغقىنىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇمۇ هويلىغا كۆكتات تېرىماقچى بولدى، ئەمما ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولغاچقا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. سۇن تۇخجيا ھەر قېتىم ئۈرۈمچىدىن ئۆينى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ هويلا ـ ئارامنى ئۆزگەرتىشكە قانداق ياردەم بېرىشنى، هويلىغا ئەگمە كۆكتات پارنىكى قۇرۇشنى ئويلاپ كەلگەنىدى.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى بىلەن، تۇغقانلاشقان كادىرنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن، ئايىنساخان ئائىلىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. دەرۋازىسى، هويلا تېمى قوشنىلارنىڭكىگە ئوخشاش رەتلىك، چىرايلىق بولدى، هويلىسىدىمۇ ئەگمە كۆكتات پارنىكى بار بولدى. بۇ قېتىم ئايىنساخاننى يوقلاپ كەلگەندە، خىزمەت ئەترەتتىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە شوخلا ۋە لازا مايىسىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئۇدۇل كەلدى، سۇن تۇخجيا پۇچۇقى ۋە يېڭىنى تۈرگىنچە ئەگمە پارنىكقا كىرىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئەگمە پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ئىدى، سۇن تۇخجيا ئەستايىدىللىق بىلەن ئورەك كولاپ، مايسا كۆچۈرۈپ، توپا كۆمۈپ، سۇغىرىپ، يۇمران مايسىلارنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ناهايىتى ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. يېرىم كۈن ئالدىراش ئىشلەپ، ھەربىر تۈپ كۆكتات مايسىسىنى ئەگمە پارنىكقا رەتلىك تىكىپ بولدى، سۇن تۇخجيا تەرنى سۈرتكەچ ئايىنساخانغا مۇنداق دېدى: «ئاچا، مايسا بولغان ئىكەن ئۆسۈشىدىن ئەنسىرىمەڭ، كېيىنكى قېتىم كەلگىنىمدە ئۆسۈپ چىققان شوخلا ۋە لازىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم».

«ئىنىم، بۇ بىر پارچە يەرگە تەرىڭىز سىڭدى، بۇ يىل چوقۇم ياخشى هوسۇل ئالىمەن. ۋاقتى كەلگەندە، مەن بىز تېرىغان كۆكتاتتىن سىزگە لەڭمەن ئېتىپ بېرىمەن» دېدى ئايىنساخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

**ئىگىلىك تىكلەش يولىدا تۇغقىنى ھەمراھ بولدى**

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، نىيە ناهيەسى ئەندىر يېزىسى فەنرۇڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سەيدىنىسا سدىق ئەتىگەندىلا ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا كەلدى، شۇ كۈنى بۇ كىچىك دۇكاندا قايتىدىن تىجارەت باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەل ئەندىشە بار ئىدى.

«ناۋادا يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك بولسا قانداق قىلىمىز» دېدى سەيدىنىسا خۇاڭ يۆگە.

«خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئالدىنقى مەزگىلدە بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، بۇ قېتىمقى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى كۆرگىنى بويىچە كىرگۈزۈلدى، مەسىلە چىقمايدۇ» دېدى خۇاڭ يۆ تەسەللىي بېرىپ.

خۇاڭ يۆ ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كادىرى بولۇپ، ئۈچ يىل ئىلگىرى سەيدىنىسا ئائىلىسى بىلەن تۇغقان بولدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، خۇاڭ يۆ سەيدىنىسا ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ بىلدى.

ئىلگىرى سەيدىنىسا يەسلىدە ئىشلەيتتى، ئېرى ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، ئائىلىسىنىڭ 15 مو چىلانلىقىنى ھۆددىگە بەرگەنىدى، گەرچە ئازراق پۇل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن كەنتتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا پەرقى بار ئىدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭدا ئىگىلىك تىكلەش ئويى پەيدا بولدى.

«هازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، شۇنداقلا بارغانسېرى مودىلىشىۋاتىدۇ. لېكىن فەنرۇڭ كەنتىنىڭ ناهيە بازىرى بىلەن مەلۇم ئارىلىقى بولغاچقا، كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ئانچە قولايلىق ئەمەس، ئەگەر كەنتتە بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچسام، سودا يامان ئەمەس بولاتتى» دېدى سەيدىنىسا، خۇاڭ يۆ ئۇنىڭ پىكرىنى تامامەن قوللىدى.

تېزلا، سەيدىنىسا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ يېنىدىن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە سودا يامان ئەمەس بولۇپ، كىچىك دۇكان ياشلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. لېكىن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، كەنتتە باشقا ئىككى كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ سودىسى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كەتتى.

مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ئۈچۈن، خۇاڭ يۆ سەيدىنىساغا ياردەملىشىپ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنىڭ ھەر پەسىللىك تىجارەت سوممىسى ۋە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سانىنى ئەستايىدىل ھېسابلىشىپ بەردى ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىم بۇيۇملىرىغا بولغان ئېهتىياجىنى ئىگىلىدى. ئەستايىدىل خۇاڭ يۆ سەيدىنىسانىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى قارىغۇلارچە بېسىپ قويۇشىنىڭ تىجارەت سوممىسىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئارقىدىن، خۇاڭ يۆ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۈرۈمچىدىكى توپ سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېهتىياجىغا قاراپ مال كىرگۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

كىچىك دۇكان قايتىدىن تىجارەت باشلىغان كۈنى، سېتىلغان كىيىم ـ كېچەكتىنلا 2000 يۈەن ھېساباتقا كىردى. بۇنىڭدىن باشقا، خۇاڭ يۆنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سەيدىنىسا توردا سېتىش ئەندىزىسىنى ئېچىپ، كىرگۈزگەن يېڭى پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى سۈرەتكە تارتىپ، دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىدى.

هازىر، سەيدىنىسانىڭ دۇكىنىنىڭ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يىل، خۇاڭ يۆ يەنە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ پەرداز قىلىش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، يېزا بازىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى داۋاملىق تېپىشى ۋە چوڭقۇر قېزىشىغا ياردەم بېرىپ، تۇغقىنىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلىماقچى بولدى.

**كېمۇجىل مېنىڭ ئۆز ئىنىم**

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتە، يېڭىسار ناهيەسى لومپا يېزىسى توقاي كەنتىنىڭ كەنت ئېغىزىدا، كېمۇجىلنىڭ ماڭماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئابلىكىم مۇسا دەرھال ئۇستەلدىكى ئىككى ئالمىنى ئۇنىڭ سومكىسىغا سالدى. كېمۇجىل كۈلۈپ تۇرۇپ ئالمىنى قولىغا ئېلىپ: «ئېغىر ئىشلارنى ئوغلىڭىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قىلىڭ، قانداق قىيىنچىلىق بولسا ماڭا دەڭ...» دەپ تاپىلىدى. ئابلىكىم بېشىنى لىڭشىتىپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاپتوموبىل يىراقلاپ كەتكۈچە ئۇزىتىپ قالدى.

كېمۇجىل ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى توقاي كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندا، كەنت ئاھالىسى ئابلىكىم بىلەن تۇغقان بولغانىدى، ئەينى چاغدا ئابلىكىم ئائىلىسى يەنىلا تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە ئىدى.

ئابلىكىم ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كېمۇجىل ھەر قېتىم ئابلىكىمنى يوقلىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوي قوتىنىنى ئوڭشىدى، ئۆگزىسىنى رېمونت قىلدى، هويلا ـ ئارامنى تازىلىدى، بىللە قوي باقتى، بىللە ئېتىزغا بېرىپ ئەمگەك قىلدى. «ھاۋا ئىسسىدى، قوي يۇڭى بەك قېلىن بولۇپ كەتسە، ئارىسىغا پارازىت قۇرتلار يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، قوي يۇڭىنى قەرەللىك قىرقىش قوي بەدىنىگە پايدىلىق». كېمۇجىل ئابلىكىم بىلەن بىللە قوي يۇڭى قىرقىدى ھەم ئۇنى كەنتتىكى باقمىچىلىق كۇرسىغا كۆپرەك قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئابلىكىمنىڭ باقمىچىلىق تېخنىكىسى بارغانسېرى ياخشىلاندى، هازىر ئۆيىدىكى 20 تۇياق قوي سەمرىپ كەتتى.

كېمۇجىلنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئابلىكىم پارنىكتا لازا تېرىشنى سىناق قىلىپ، ھەر يىلى 4000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، ھەر يىلى قوي سېتىپ 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، ئىلگىرىكى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە بۆگۈنكى كۈندە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئابلىكىم خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئابلىكىم مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، 2017 ـ يىلى ئايالىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي داۋالىنىشقا توغرا كەلدى، كېمۇجىل دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى، يەنە تاكى ئايالى دوختۇرخانىدىن چىققۇچە ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. «ئۇ پۇل ۋە كۈچ چىقىرىپ بىزگە ياردەم قىلدى، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، بىزنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزدى، كېمۇجىل مېنىڭ ئۆز ئىنىم.» ئابلىكىم تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىنىم ئائىلىمىزنىڭ بارغانسېرى بەختلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن كەينىگە سۆرىسەم بولمايدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلاپلا قالماي، يەنە يۇرتداشلارنى باشلاپ بىللە بېيىمەن».

**( مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، شيې خۇيبىيەن، مېھرىگۈل غوپۇر، سۇن فاڭتىڭ)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك مول هوسۇل ئېلىشقا تۈرتكە بولىدىكەن.

ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇتۇشنى چۆرىدەپ، ئاشلىقتىن مول هوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر مو كۈزگى بۇغدايغا بېرىلىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسىنى 180 يۈەندىن 220 يۈەنگە ئۆستۈرۈش، ھەر مو سىلوس كۆممىقوناقىغا بېرىلىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسىنى 100 يۈەندىن 120 يۈەنگە ئۆستۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «سۈپەتلىك پاختا» تۈرلۈك تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ماشىنىدا كېۋەز تېرىش، پاختا يىغىش كۆلىمى كېڭەيتىلىدۇ، بۇ يىل ماشىنىدا پاختا يىغىش كۆلىمى يېڭىدىن 1 مىليون مو كۆپەيتىلىدۇ. باغ ـ ئورمانچىلىقتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، باغ ـ ئورماننىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇرۇلۇشى سىجىل ياخشى تۇتۇلۇپ، 110 مىڭ مو خاس باغ ـ ئورمان يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. تۈرلۈك ئاماللار بىلەن چارۋا ـ قۇش باقمىچىلىق كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، دېهقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدۇ، بۇ يىل يېڭىدىن 1 مىليون تۇياق گۆش قويى، 50 مىڭ تۇياق گۆش كالىسى، 20 مىڭ تۇياق سۈت كالىسى كۆپەيتىلىدۇ. خاس يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەسلىھەلىك كۆكتات كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ. هويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى قېزىلىپ، ھەربىر هويلا ـ ئاراندىن يىلىغا 1000 يۈەن كىرىم كۆپەيتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشقا تەشكىللەش، ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئەتىياز پەسىللىك قۇرۇلۇشنى قەرەلىدە قىلالمىغانلىرىدا، تۈر رايونىنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىقلار ئارقىلىق كېچىككەن قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكتە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەتنى كۆزىتىش ـ سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، زىرائەت ۋە باغ ـ ئورمانلاردىكى كېسەللىك ۋە هاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، هاشارات زىيىنىنى تۈگىتىپ مول هوسۇل ئېلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كېسەللىك ۋە هاشارات ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش نىسبىتىنى 5% ئىچىدە تىزگىنلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈنۈمىنى 85%تىن ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايون يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى باغ ـ ئورمان مەركەزلەشكەن رايونلىرىدا بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىپ، «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلىدۇ.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مالىيە، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مالىيە خامچوتى ئىچىدىكى سېلىنمىنى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا داۋاملىق مايىللاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى كىرېدىت مەبلىغى ئېهتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىككە چېتىلىدىغان قەرز پۇل قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ. يېزا ئىگىلىككە چېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىش سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكتىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى تېزلىتىلىپ، تۈرلەردە مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە پائال تۈرتكە بولۇنۇپ، ئۈنۈم ئىمكانقەدەر بالدۇر يارىتىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈت كالىسى فېرمىسى يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىللە تۇرسا بولىدىغانلىقىغا، پەرزەنتلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانغا ۋەدە بەردى. «مەن چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن يېڭى ئۆي سالىمەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە بېيىمەن!» گۈزەل ئەتە توغرىسىدا توختالغاندا، مۇختەرنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولدى.

مۇختەر تۇرۇشلۇق سىيەك كەنتىنىڭ 60%تىن ئارتۇق يېرى شورلاشقان بولۇپ، بەزى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى نىسبەتەن ئاز ئىدى. «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈچۈن، ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم!» بۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلرايىنى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ، سۈت كالىسى فېرمىسى قاتارلىق ئەتراپتىكى كارخانىلار بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، تۆۋەن كىرىملىك قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

دەسلەپتە كەنت ئاھالىلىرى كۆزەتتى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىشى، مىساللارنى سۆزلىشى، كىرىم ھېساباتى قىلىشى ئارقىلىق، كەنتتىكى بىر قىسىم ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى «سىرتقا چىقىش»نى تاللاپ، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ قوزغالدى. بۇ يىل، كەنتتىكى 150 ئادەم ئىشلەمچىلىك قىلىش يولىغا مېڭىپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشۇردى.

«ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بېيىغانلىقىنى كۆرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش غەيرىتى ئاشتى!» لى بو مۇنداق دېدى: خىزمەت ئەترىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۇرغۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىدا ھەممىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەيدىغان «پاراۋۇز»غا ئايلاندى.

لى بو مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. خىزمەت ئەترىتى چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ‹بىرىنىمۇ كەم قالدۇرماسلىق› نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ!»

---

# «قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى»غا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ يۇمشاق كۈچ كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىشلەمچى خادىملار ئىچىدىكى كۆپىنچىسى يۇرتىدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلغانلار بولۇپ، يېڭى ئورۇندىكى رەھبەرلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىر جۈملە ئىللىق سۆزى، بىر تۈرلۈك ئىنچىكە، ئەتراپلىق مۇلازىمىتى ئۇلارنىڭ قېپقېلىش جاسارىتىنى ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى.

«دۇنيادا سۇدىنمۇ يۇمشاق نەرسە يوق، ئەمما قاتتىق نەرسىلەرنى يېڭىشتە سۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق»، جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپ «تامچە سۇ تاشنى تېشەر» دېگەن ھېكايە بار. نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كەلدى، قېپقالغانلىرىنىڭ ھەممىسى «قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى»، ئاشۇ بىۋاستە ئۈنۈم بېرىدىغان قاتتىق تەدبىرلەر ئەلۋەتتە ئىنتايىن زۆرۈر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز «يۇمشاق ئارقىلىق قاتتىقنى يېڭىش» قائىدىسىنى چوڭقۇر ئىگىلىشىمىز، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئىللىق بولغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان يۇمشاق كۈچ ئارقىلىق ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى تېزلىتىپ، تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)